3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### چېن چۈەنگو قارامايلى تېغىدىكى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە قوغداش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قارامايلى تېغىدىكى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

قارامايلى تېغىدىكى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى ۋە ياۋايى ھايۋانلار يەم - خەشەك ئامبىرىدا، چېن چۈەنگو باشقۇرۇش - مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سانى، تۈرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۆزەش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك. مەنبەدىن قوغداش، سىستېمىلىق تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زىيادە ئېچىش ۋە قىسمەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى قەتئىي توسۇپ، ئېكولوگىيە توسۇقنى ھەقىقىي پۇختىلاش كېرەك. تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق تەرەققىي قىلىدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ئارقىلىق غايەت زور ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزى تۇتۇشى، باش مەسئۇل بولۇشى كېرەك؛ ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىشى كېرەك؛ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، نازارەت قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە قوغداش ئارقىلىق، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، چېن چۈەنگو كارخانىلارغا كىرىپ، سېخلارغا كىرىپ، كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇردى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تېخنىكا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئايلانما ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، يېشىل رەڭلىك يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى يارقىن رەڭگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يېڭىلىق يارىتىشقا قويۇپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىشكەن، توپلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، بايلىق، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېچىۋېتىشنى پائال كېڭەيتىپ، رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. يەرلىككە تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈپ، پائال تۈردە كەسىپ ئاساسىنى پۇختىلاش، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى نەتىجە يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سىياسەت تىرىكى، مۇھىم ئامىل مەدەنىيتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پائال ياردەم بېرىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىشنى سىجىل قوزغىتىش كېرەك.



9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قارامايلى تېغىدىكى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا كارخانا مەسئۇللىرى بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

(بېشى 1 - بەتتە)

سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گۈل تۇتقان ئۆسمۈرلەر، باللار خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، «بىز كوممۇنىزم ئىزباسارلىرى»نى ئۈنلۈك ئېيتتى ھەم پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت سالىمىنى بەردى.

چاسا ئەترەت ئالدىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى ئامما، پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ نامىدا تەقدىم قىلىنغان چوڭ تىپتىكى توققۇز گۈل سېۋىتى قاتار تىزىلغاندى. گۈل سېۋەتلىرىنىڭ قىزىل لېنتىسىغا «خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن خەتلەر يېزىلغاندى.

ھەربىي ئوركېستىر چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان «گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسى»نى ئورۇنلىدى، 18 ھۆرمەت قاراۋۇلى گۈل سېۋەتلىرىنى سىلىق كۆتۈرۈپ، ئاستا قەدەم بىلەن خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا قاراپ مېڭىپ، خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۇل تەكچىسىگە قويدى.

شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارى ئۇل تەكچىسىگە چىقىپ، گۈل سېۋىتى ئالدىدا توختاپ، زەن قويۇپ قارىدى. رەت - رەت ۋە ئېگىز تىزىلغان ئوتقاشتەك خۇاجۇ گۈلى، پورەكلەپ ئېچىلغان بەيخې گۈلى، چىرايلىق ئاسىيا مەرۋايىتگۈلىگە خەلق قەھرىمانلىرىنى چوڭقۇر ئەسلەش ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇجەسسەملەنگەندى.

شى جىنپىڭ ئالدىغا بېرىپ، گۈل سېۋەتتىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلىدى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئاستا قەدەم بىلەن خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىنى ئايلىنىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. بۇ يىلدىن بۇيان، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرى پات ئارىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە قاراپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئۆسمۈرلەر، باللار ۋە ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرىمۇ نۆۋەت بىلەن خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى گۈلنى تەقدىم قىلدى ھەم خاتىرە مۇنارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى سەي چى رىياسەتچىلىك قىلدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەركەز، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، بېيجىڭدىكى مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.